# شنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش ئىنستىتوتى 2013 ـ يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان كەسپلەرنى تونۇشتۇرۇش

## ئېلېكتىر ۋە ئۇچۇر قۇرۇلۇشى فاكولتېتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 0991 ــ 7977190   7977192

### ئاپتوماتلاشتۇرۇش(080801)  (تولۇق كورس )

**تەربىيىلەش نىشانى :** بۇ كەسىپ ئېلېكترىك قۇرۇلۇشى،كونترول نەزەرىيىسى، كومپيوتېر تېخنىكىسى،ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە نەزەرىيۋى ئاساسقا ئىگە بولغان ،ئۇنىۋېرسال قوللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ، ئېلېكترون كونتۇرۇل تېخنىكىسى ۋە تور تېخنىكىسىنى ۋاستە قىلىپ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش،ئۇچۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەرگە ئېھتىياجلىق ئالىي كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ .

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** توك يولى نەزەرىيىسى ،توك يولى تەجرىبىسى ، تەقلىدىي ئېلېكترون تېخنىكىسى،رەقەملىك ئېلېكترون تېخنىكىسى،ئېلېكتر ئېلېكترون تېخنىكىسى ، ئاپتوماتىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسى،ئاپتوماتىك كونترول قىلىش تېخنىكىسى،پروگراممىلىنىدىغان تىزگىنلەش ئەسۋابى،ئېلېكتر سىستېما ھەرىكىتى ۋە ئاپتوماتىك ئورۇنلاشتۇرۇش،ئاپتۇماتىك قۇراشتۇرۇش، يەككە پىلاستىنكىلىق كومپيوتېر پىرىنسىپى ھەم ئۇنى قوللىنىش، يۇقىرى بېسىم تېخنىكىسى، ئېلېكترىك كونتۇرول تېخنىكىسى ۋە PLC ، DCS ۋە نەق مەيدان توك يولى، Matlab پۇروگىراممىسى تۈزۈش ۋە قوللىنىش،مىكرو كومپيوتېر ئارقىلىق كۆزىتىش ۋە كونترول قىلىش تېخنىكىسى قاتارلىق دەرسلىكلەر سۆزلىنىدۇ.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى:** بۇ كەسىپنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاپتۇماتلا شتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە ئاپتۇماتىك كونترول قىلىش، ئېلېكتر ئېلېكترون تېخنىكىسى ،ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش،قۇرۇلۇش لايىھەلەش، تېخنىكا يېڭىلاش،ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات ئورۇنلىرىدا خىزمەتلىرىنى قىلسا بولىدۇ.

### ئېلېكترىك ئاپتوماتلاشتۇرۇش تېخنىكىسى (580202) :

**تەربىيىلەش نىشانى:** بۇ كەسىپ بىرقەدەر كۈچلۈك ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ،مېتاللورگىيە، قاتناشنى ئېلېكترلەشتۈرۈش سىستېمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئاپتۇماتىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قوراشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ سىناش، ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئاسراش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەرخىل ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى باشقۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىلى قوللۇنۇشچان تېخنىكا ئىگەللىگەن خادىملارنى تەربىيلەيدۇ.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** توك يولى نەزەرىيىسى، ئېلېكتر تېخنىكىسى، ئاپتوماتىك كونترول قىلىش قانۇنىيتى، ئېلېكتر مىخانىكا ۋە سۈرەت تېخنىكىسى، ئېلېكتر كۈچى ئارقىلىق سۆرەيدىغان ئاپتوماتىك كونترول قىلىش تېخنىكىسى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى كونترول قىلىش سىستېمىسى، كومپيۇتېر ئارقىلىق كونترول قىلىش سىستېمىسى، سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى

ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىش نەزىرىيەسى، C تىلى سىستېمىسى، تاق ئۆزەكلىك كومپيۇتېرنىڭ پىرىنسىپى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، پروگراما تۈزۈشكە بولىدىغان كونتروللىغۇچنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، ئېلېكتىر كۈچى ۋە ئېلېكتىر تېخنىكىسى قاتارلىق پەنلەر.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشى:** بۇ كەسپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار پولات-تۆمۈر، مېتاللورگىيە، نېفىت-خىمىيە، ماشىنىسازلىق، قاتناش، بىناكارلىق، كان، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش، ئېلېكتىر سىستېمىسى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ساھەلەردە ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قوراشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ سىناش، ھەركەتلەندۈرۈش، ئاسراش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا ياكى سانائەت كارخانىرى ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنى لايىھىلەش ،ئىشلەپچىقىرىش ،تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىنى قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## يېڭى ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى (550208)

**تەربىيىلەش نىشانى:**بۇ كەسىپ بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ئىش ئورنىدىكى قابىلىيىتى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى تەربىيلەشنى نىشان قىلىدىغان ،ھەمكارلىق روھىغا ئىگە يېڭى ئېنېرگىيە قوللىنىش تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۈسكۈنە ئاسراش ،باشقۇرۇش ھەم ئىېڭى ئېنېرگىيە ئەسلىھەلىرىنى ياساش ،سىتېپ چىقىرىش ھەم سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت ئىشلىرىغا ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىق كەسپي خادىملارنى تەربىيلەيدۇ.

**ئاساسلىق ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر :** ماشىنا چىرتيوژچىلىقى ، AUTOCADئېلېكتر يولى نەزىرىيسى ،ئېلېكتىر تەجرىبىسى ،تەقلىدىي ئېلېكترون تېخنىكسى ،ئېلېكتىر موتورھەم قوزغاتقۇچ ،ئاپتوماتىك ئۆلچەش تېخنىكسى ،رەقەملىك ئېلېكترون تېخنىكسى ، Cتىل تەرتىپى لاھيىسى ،ئېلېكترئېلېكترون تېخنىكسى ،يېڭى ئېنرگىيەلىك توك تارقىتىش تېخنىكسى،مېكرو كومپيوتېردا ئۆلچەش ۋەكونترول قىلىش تېخنىكسى ،زاۋۇت ئېلېكترىك كونترول قىلىش ھەم پروگراممىلىنىدىغان كونترول قىلىش ئەسۋابى ،ترانسفورماتور ئىستانسىسىنى ئۇنىۋېرسال ئاپتوماتلاشتۇرۇش ،ئېلېكترىك قۇرۇلۇش خەرىتىسى،يېڭى ئېنرگىينى ئۆزگەرتىش ھەم كونترول قىلىش تېخنىكسى ،توك تەمىنلەش ۋە تەقسىملەش تېخنىكسى ،ئېنرگىيە تېجەش ھەم مۇھىتنى ئاسراش تېخنىكسى ،ئېلېكترىك ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ،كونترول قىلىش سىستېمىسىنى يىغىپ تارقىتىش ھەم كونفىگۇراتسىيلىك كونترول قىلىش تېخنىكسى قاتارلىق دەرسلىكلەر سۆزلىنىدۇ .سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى دەرسلىكى ،ئاپتۇماتىك كونترول قىلىش نەزەرىيسى ھەم سىستېمىسى ،يېڭى ئېنرگىيە تېخنىكسى ۋە قوللىنىشى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشى:** بۇ كەسپتە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ،يېڭى ئېنرگىيە قوللىنىشچان تېخنىكسى ۋە موھىت سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەسلىھەلەرنى قۇراشتۇرۇش،تەڭشەش ،ئوبروت قىلىش ،ئوبروتىن كېيىنكى مۇلازىمەت ھەم ئەسلىھەلەرنىڭ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ،ئىشلىتىلىشى ۋە ئاسراش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلسا ياكىبىئوماسسا ئېنېرگىيەسى ،قۇياش ئېنېرگىيىسى ،شامال ئېنېرگىيىسى،كۆپەدەرگىلى بولىدىغان مۇز ۋە كۆمۈر قاتلىمى گازىنى ئېچىش ھەم پايدىلىنىش قاتارلىق يېڭى ئېنېرگىيە قوللىنىشچان تېخنىكسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان

كارخانا ئورۇنلىرىدا ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش تېخنىكىسى(580203)**
**تەربىيلەش نىشانى :** بۇ كەسىپ نەزىرىيە سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقۇرى، كۈچلۈك بولغان كەسپى ئىقتىدارغا ئىگە ،ئىشلەپچىقىرىش،مۇلازىمەت ۋە تېخنىكا باشقۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئۆلچەش-كونتورول قىلىش ئەسۋاپى ۋەئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىئاپتوماتلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش،تەڭشەش،ئىشلىتىش،ئاسراش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالى تېخنىك خادىملارنى تەربىيلەيدۇ.
**ئۆتۈلىدىغان ئاساسىي دەرسلىكلەر:** توك يولى نەزەرىيىسى ،توك يولى تەجرىبىسى ، تەقلىدىي ئېلېكترون تېخنىكىسى ،رەقەملىك ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئېلېكتر ئېلېكترون تېخنىكىسى ، ئاپتوماتىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسى،ئاپتوماتىك كونترول قىلىش تېخنىكىسى، پروگراممىلىنىدىغان تىزگىنلەش ئەسۋابى،ئېلېكتر سېستىما ھەرىكىتى ۋە ئاپتوماتىك ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاپتۇماتىك قۇراشتۇرۇش، يەككە پلاستىنكىلىق كومپيوتېر پىرىنسىپى ھەم ئۇنى قوللۇنۇش، يۇقىرى بېسىم تېخنىكىسى، Matlab پۇروگىراممىسى تۈزۈش ۋە قوللۇنۇش، مىكرو كومپيوتېر ئارقىلق كۆزىتىش ۋە كونترول قىلىش تېخنىكىسى، C تىلى پروگراما لايھىسى قاتارلىق دەرسلىكلەر سۆزلىنىدۇ.
**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆلىنىشى:** بۇ كەسىپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار،ئېلىكتىر ئېنېرگىيە ،نېفىت خىمىيەسانائىتى،يېنىك سانائەت، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ،دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش،توقۇمىچىلىق ساھەسى ۋە پولات-تۆمۈر ساھەسىدە لاھىيەلەش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمەتلەرنى قىلساياكى سانائەت كارخانىلىرىدائۆلچەش-كونتورول قىلىش ئەسۋاپى ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش،تەڭشەش،ئىشلىتىش،ئاسراش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ

**خىمىيە سانائەت قۇرۇلۇشى فاكولتىتى**
مەسلىھەت سوراش تېلفونى :0991 ـــ 7736152 7736195
**خىمىيە قۇرۇلۇشى ۋە تېخنىلوگىيىسى (081301) (تولۇق كورس)**
**تەربىيلەش نىشانى :** بۇ كەسىپ ئەقلى ئەخلاقى تەرەپتىن يېتىشكەن،كۆمۈرچىلىك كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي بىلىملىرىنى ۋە كۆمۈر خىمىيە سانائىتى تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىگە ئىگە بولغان ،كۆمۈرلىشىش،كۆمۈرنى گازغا ئايلاندۇرۇش كۆمۈر يېغى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق كۆمۈرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىشى قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي نەزىرىيىسى،ئاساسىي بىلىمى،ئاساسىي مەشغۇلات تېخنىكىسىنى پىشىق ئىگەللىگەن ،كۆمۈر بايلىق مەنبەسىنى ئۇنىۋېرسال قوللىنىشنىڭ ئاساسىي ئىقتىدارى ۋە تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش،قۇرلۇش ئېنژېنېرى،ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە يالغۇز خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان خ ىمىيە سانائىتى ،كۆمۈر مېيى ئايرىش،نېفىت ئايرىش،بايلىق باشقۇرۇش، بايلىق قېزىش،يېنىك سانائەت، تىببىي دورىگەرلىك ۋە مۇھىت ئاسراش قاتارلىق ساھالەردە ،ئىشلەپچىقىرىش

تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش،قۇرۇلۇش ئېنژېنېرى ،تېخنىكىنى ئىچىش ۋە پەن تېخنىكا تەتقىقاتى قاتارلىق خىزمەت ئورۇنلىرىدا قوللىنىشچان يۇقىرى دەرىجىلىك تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيلەيدۇ

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسىي دەرسلىكلەر:** خىمىيە سانائىتى ئاساسلىرى ،كۆمۈر -خىمىيە ئىلمى،كۆمۈر-خىمىيە سانائىتى تېخنولوگىيە ئىلمى،خىمىيە تېخنولوگىيە ئىلمى،خىمىيە سانائىتى لاھىيىسى، خىمىيە سانائىتى ئىسسىقلىق دىنامىكىسى، خىمىيە سانائىتى رېئاكتلوگىيىسى قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورونلىشىش يۆلىنىشى:** ئوقۇغۇچىلار بۇ كەسپتە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، خىمىيە سانائىتى،كۆمۈرلىشىش،نېفىت ئايرىش، بايلىق باشقۇرۇش، ئېنېرگىيە مەنبەسى،يېڭىلىك سانائەت ، تېببىي دورىگەرلىك ۋە مۇھىت ئاسراش قاتارلىق ساھالەردە ،ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش،قۇرۇلۇش ئېنژېنېرى ،تېخنىكىنى ئىچىش ۋە پەن تېخنىكا تەتقىقاتى خىزمىتىنى قىلسا بولىدۇ.

**خىمىيە سانائىتى ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش تېخنىكىسى(530209)**

**تەربىيلەش نىشانى :** بۇ كەسىپ، خىمىيە سانائىتى ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش تېخنىكىسى كەسىنىڭ ئاساسىي تېخنىكىسى ۋە كەسپىي تېخنىكىغا ئىگە بولغان،نەزىرىيىۋىي ئاساسقا ۋە قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، خىمىيە سانائىتى ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش،مۇلازىمەت قىلىش،باشقۇرۇش ھەم تاشقى سودا قاتارلىق ساھالەردە خىزمەت قىلالايدىغان يۇقىرى تېخنىكىغا ئىگە بولغان قابىلىيەت ئىگىلىرىنى تەربىيلەيدۇ.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسىي دەرسلىكلەر:** خىمىيە سانائىتى ماشىناسازلىق ئاساسىي بىلىملىرى، خىمىيە سانائەت پىرىنسىپى، خىمىيە سانائىتى چېرتيوژى،خىمىيە سانائىتى ئىسسىقلىق ئىلمى، ئورگانىك خىمىيە سانائەت تېخنولوگىيىسى، خىمىيە سانائەت ئەسلىھەلىرىدىن ئاساس، خىمىيە سانائەت ئەسۋاپلىرى ۋە ئۇنى رېمونت قىلىش ، ئۆتكۈنچى ئەسۋاپلارنى باشقۇرۇش قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆلىنىشى:** بۇ كەسىپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار،ئېلېكتىر ئېنېرگىيە ،نېفىت خىمىيەسانائىتى،يېپەك سانائەت،مۇھىت ئاسراش،يېمەكلىك ۋە ئەمگەك بىخەتەرلىكى تارماقلىرىدا تېخنىكا باشقۇرۇش،تىجارەت قىلىش،قۇرۇلۇش ئىلمى تەتقىقاتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلسا بولىدۇ .

**ئەمىلى خىمىيە سانائىتى تېخنىكىسى:(530201)**

**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ كەسىپ خىمىيە قۇرۇلۇشى ھەم خىمىيە تېخنولوگىيىسىگە ئالاقىدار بىلىملەرگە ئىگە بولغان،خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگەللىگەن ، خىمىيە سانائىتى،نېفىت ئايرىش،بايلىق باشقۇرۇش، يىنىك سانائەت، دورىگەرلىك، مۇھىت ئاسرساش قاتارلىق ئىدارە ئورگانلاردا،قۇرۇلۇش ئېنژېنېرى،تېخنىكىلىق يېچىش،ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش ۋە پەن-تېخنىكىلىق تەتقىتات ئېلىپ بېرىش خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىيەلەيدىغاب قابىلىيەت ئىگىلىرىنى تەربىيلەيدۇ.

**ئاساسلىق ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر:** ئورگانىك خىمىيە، ئانالىز خىمىيە ئىلمى، فىزىكا خىمىيە ئىلمى، خىمىيە سانائەت پىرىنسىپى، خىمىيە سانائىتى چېرتيوژى، خىمىيە سانائىتى ئىسسىقلىق ئىلمى، ئورگانىك خىمىيە سانائەت تېخنولوگىيىسى، خىمىيە سانائەت ئەسلىھەلىرىدىن ئاساس، خىمىيە سانائەت ئەسۋاپلىرى ۋە ئۇنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، پاكىز ئېنېرگىيە تېخنىكىسى، تەجرىبە ئاساسىي مەشغۇلاتلىرىدىن ماھارەت مەشىقى قاتارلىقلار.

**كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتىنى باھالاش:** كومپيۇتېر قوللىنىش ئىقتىدارى كىنىشكىسى(بىرىنچى

دەرىجە)،خىمىيىلىك تەكشۈرگۈچى، خىمىيىلىك باش كونتۇرۇل قىلغۇچى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆلىنىشى:** بۇ كەسىپ،كەسپىي تېخنىكنى پىششىق ئىگىلگەن ھەمدە ئونۇېرسال بىلىم ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيلەيدىغان بولغاچقا ئىشلەپچىقىرىش،سېتىپ چىقىرىش،باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئىشلىسە بولىدۇ

**كۆمۈر خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى (540510) :**

**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ كەسىپتە تەربىيلەنگەن ئوقۇغۇچىلار كۆمۈر خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدۇ. ئەخلاقى ئەقلى جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلىدۇ. كۆمۈر خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئاساسى نەزىريەسى ۋە ئاساسى ماھارەتلىرىنى تولۇق ئىگەللەپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۆمۈر پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە پايدىلىنىش كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ئېلېكتىر مىخانىكا ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش، باشقۇرۇش، قوللىنىش ۋە ئېچىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان يۇقىرى ئىقتىدارلىق، ئەمەلىيەتچىل ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** خىمىيە سانائەت چىرتيوژى ۋە AUTOCAD ،ئورگانىك خىمىيە، ئانالىز خىمىيە ئىلمى، فىزىكا خىمىيە ئىلمى، كۆمۈر خىمىيە ئىلمى، كۆمۈر سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، كوكس كۆيدۈرۈش ئىلمى، كوكس خىمىيىسى، مەھسۇلات قايتۇرۇۋېلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، كۆمۈر گاز تېخنىلوگىيىسى، خىمىيە سانائىتى ئىسسىقلىق ئىلمى، ئورگانىك خىمىيە سانائەت تېخنىلوگىيىسى، خىمىيە سانائەت ئەسلىھەلىرىدىن ئاساس، پاكىزئېنىرگىيە تېخنىكىسى قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى:** بۇ كەسىپتە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار مۇھىت ئاسراش ھەم شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئورگانلاردا ياكى كۆمۈر مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ،كۆمۈر مەھسۇلاتىنى تەكشۈرۈش ،تەھلىل قىلىش ۋە ئوبروت قىلىش ،كۆمۈرنى گازغا ئايلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە ئېچىش .ھەرخىل ماتېرىياللار ۋە مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىش،تەكشۈرۈش،ئۈسكۈنلەرنى ئاسراش ۋە قوغداش ،تەجرىبىخانىنىڭ تېخنىكا ۋە سۈپەت باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ .

**مۇھىت نازارەتچىلىكى ۋە تۈزەش تېخنىكىسى(600101)**

**تەربىيلەش نىشانى:** مۇھىت باشقۇرۇش ئاساسى بىلىملىرى مۇكەممەل بولغان، مۇھىت نازارەتچىلىكى ،ئۆلچەش تەھلىلىگە ماھىر،مۇھىت بۇلغىنىشىنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە كونتۇرول قىلىش .ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈش.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** مۇھىت ئېكېلېگويە ئىلمى،خىمىيە ئاساسى بىلىملىرى،مۇھىت ئۆلچەش تېخنىكىسى،مۇھىت تەسىرىنى ئۆلچەش،سۇ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تېخنىكىسى،كېرەكسىز ماددىلارنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى،زامانىۋى مۇھىت ئۆلچەش تېخنىكىسى قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشى:** بۇ كەسىپنى پۈتتۈرگەنلەر مۇھىت باشقۇرۇش،ئۆلچەش،سۇ بۇلغىنىشنى تۈزەش ، زاۋۇت ،كان،كارخانىلاردىكى كېرەكسىز ماددىلارنى بىر تەرەپ

قىلىش،خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## كومپيۇتېر قۇرۇلۇشى فاكولتېتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى :0991 — 7977195 7977201

**كومپيۇتېر ئۈچۈرلىرىنى باشقۇرۇش(590106) :**

**تەربىيىلەش نىشانى:** بۇ كەسىپ بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشقان ھەم پۇختا نەزىريەۋى ئاساسقا ، ھەم يۇقىرى كەسپى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان، كومپيۇتېر كوپ مەدىيەلىك تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلىش، كومپيۇتېر ئۈچۈر سىستېمىلىرىنى قوللىنىش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىدار ھازىرلىغان يۇقۇرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىسى يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** C تىلى پىروگىراممىا لايىھەلەش،كۆپ مەدىيەلىك تېخنىكىدىن ئاساس، كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ لايىھەلەش، بوغالتىرلىق ئىلمى، مالىيە باشقۇرۇش ئىلمى،ئېلېكتىروللۇق بوغالتىرلىق ، ئېلېكتىروللۇق سودا نەزىريىسى، كۆپ مەدىيەلىك لايىھەلەش يۇمشاق دېتاللىرى، تور بەت لايىھەلەش ۋە ياساش، سىغىرلىق مەدىيا ئاخىرقى باسقۇچلۇق ياساش قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشى:** بۇ كەسىپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كارخانا ۋە كەسپى ئورۇنلار، تور مەدىيە شىركەتلىرى، ئېلان لايىھەلەش ۋە ياساش شىركەتلىرى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ كەسپى ئورۇنلىرى ، كۆپ مەدىيەلىك ئەسەر لايىھەلەش ۋە تەشۋىقات كۆرسەتمىلىرىنى لايىھەلەش، كارخانا ئوبرازى تەشۋىقاتى، تور مائارىپى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سانائەت ، كان، كارخانا ، كەسپى ئورۇنلاردا تور ئۈچۈر سىستېمىلىرىنى قاچىلاش، تەكشۈرۈش، ئىجرا قىلىش ۋە ئاسراش خىزمەتلىرى، ھەمدە ئۈچۈر باشقۇرۇش سىستېمىلىرىنى ئېچىش، ئىجرا قىلىش ۋە ئاسراش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

## كان ئېچىش قۇرۇلۇشى فاكولتېتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى :0991 — 7977186 7977187

**كان ئېچىش قۇرلۇشى (081501) (تولۇق كورس)**

**تەربىيەلەش نىشانى:** شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي جەمىيئەت تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان ،مۇھىمى،يېڭى تېپتىكى سانائەتلەشكەن قۇرلۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان ،ئەخلاق-پەزلەتلىك،پاراسەتلىك ،ساغلام،ھەرتەرەپلىمە يېتىشكەن ،كۆمۈر كان ئېچىش ئاساسىي نەزىريىسى ۋە ئۇسۇلىنى ئىگەللىگەن ،كان ئېچىش قۇرلۇش ئېنژېنىرى بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە يېڭى تېخنىكا يېڭى بىلىملەرگە ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان قابىلىيەت ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىدۇ.

**ئاساسلىق ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر:** نەزىرىيە مېخانىكىسى ، كۆمۈر كان گېئولوگىيىسى، ماتېرىيال مېخانىكىسى ، گىدرومېخانىكا ئىلمى، تاغ جىنىس قۇرۇلۇشى مېخانىكىسى ،كان ئۆلچەش ئىلمى ،ئېلېكتىر - ئېلېكترون تېخنىكىسى،كۆمۈر كان ئېچىش ئاساسىي نەزىريىسى ۋە ئاساسى تېخنىكىسى،كان بېسىمى ۋە تاش قاتلىمىنى كونتىرول قىلىش، كان قۇدۇقىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك، كان قۇدۇقى قۇرۇلۇشى ،كان ماشىنىلىرى،كان توكچىلىقى قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشى:** بۇ كەسىپنى پۈتتۈرگەنلەر كۆمۈر كان ،مېتال ،مېتالوئىد كانلىرىنى لاھىيلەش،ئېچىش، ئۆزگەرتىپ ياساش ،باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىسە ياكى مېتاللورگىيە،رەڭلىك مېتال ،خىمىيە سانائىتى ،ئاتوم سانائىتى ، مېتالوئىد ،كۆمۈرلۈك قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك كانچىلىق ئىشلىرى بىلەن ،ۋە ياكى سۇ ئىنشائاتى ،تۆمۈريول،تونىل قۇرۇلۇشلىرى ۋە مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش-ئېچىش ،ئىلمى تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىنى قىلسا بولىدۇ.

**قاتتىق كان ياتمىسىنى ئوچۇقچىلىقتا ئېچىش تېخنىكىسى (540304) :**

**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ كەسىپ ئوچۇقچىلىقتا كان قېزىش تېخنىكىسىغا پىششىق، ۋە كان بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ماھىر بولغان،ئوچۇقچىلىقتا كان قېزىش پىلان-لايىھەسى تۈزەلەيدىغان ئەملىيەتچان تېخنىك خادىملارنى تەربىيەلەيدۇ.

**ئاساسلىق ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر:** ئوچۇقچىلىقتا كان قېزىش تېخنىكىسى،ئوچۇقچىلىقتا كان قېزىش پىرىنسىپى،ئوچۇق كان تىرانسپورتى،ئوچۇقچىلىقتا پارتىلىتىش تېخنىكىسى،ئوچۇقچىلىق كان ماشىنا-ئېلېكترى،يان قىرلارنى مۇقىملاش تېخنىكىسى،كان بىخەتەرلىك قانۇن-تۈزۈملىرى،قۇرۇلۇش گېئولوگىيە ئىلمى،گېئومېترىيىلىك سىزما قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشى:** بۇ كەسىپنى پۈتتۈرگەنلەر ئوچۇقچىلىقتا كان قېزىش كارخانىلىرى،پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە كەسپى ئورۇنلاردا خىزمەت قىلالايدۇ.

**قۇرلۇش ئۆلچەش تېخنىكىسى (540601) :**

**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ كەسىپ،بوشلۇق ۋە بوشلۇق ئورنىدىكى سان سىفىرلارنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان يەر شەكلىنى ئۆلچەپ چىقالايدىغان تېخنىكىلىق ئۆلچەپ سىزىش ،ئېقتىدارىغا ئىگە تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيلەي

**ئاساسلىق ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر:** ئۆلچەش ئىلمى،كومپيۇتېر ئاساسى بىلىملىرى، ئاممۇۋى قۇرۇلۇش چىرتيوژى، ئۆلچەشCAD ،كونتۇرول ئۆلچەش ئىلمى،قۇرۇلۇش ئۆلچەش ئىلمى، GPS ئۆلچەش پىرىنسىپى ۋە قوللۇنۇش،تۇپا-ياغاچ قۇرۇلۇشى نەزىرىيىسى،ئۆلچەش خاتالىقنى تۈگىتىش ئۇسۇلى،رەقەملىك چىرتيو ئۆلچەش ۋە قوللۇنۇش، جەنۇپ يەر شەكلىCASS5.5 يۇمشاق دېتالى مەشخۇلاتى،يەر باشقۇرۇش ۋە يەرنى ئۆلچەش، قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى نەزىرىيىسى قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆلىنىشى:** ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كىيىن،ھەر دەرىجىلىك ئۆلچەپ سىزىش، شەھەر پىلانلاش ئورۇنلىرى،بىناكارلىق قۇرلۇش شىركەتلىرى ۋە كان-كارخانىلىرىدا ئۆلچەش-سىزىش،قۇرۇلۇش كونترول قىلىش قاتارلىق خىزمەتنى ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## بىخەتەرلىك قۇرۇلۇشى فاكولتىتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 0991 — 736159 736279

**بىخەتەرلىك قۇرلۇشى (082901) (تولۇق كورس)**

**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ كەسىپ ئالاھىدە ھەم يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي،ئەخلاق-پەزىلەتلىك،پاراسەتلىك ،ساغلام،ھەرتەرەپلىمە يىتىشكەن،بىخەتەرلىك بىلىملىرىنى ،تېخنىكىلىرىنى ھەم قۇرلۇشنىڭ ئاساسي نەزىرىيسىنى ئىگەللىگەن، بىخەتەرلىك ئىلمي تەتقىقاتى ۋە كان قۇدۇقىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش ھەم بىخەتەرلىك ئېنژېنېرىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان قابىلىيەت ئىگىلىرىنى تەربىيلەيدۇ.

**ئاساسلىق ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر:**كۆمۈر كان ئېچىش ئىلمى، كان قۇدۇقىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئىلمى،كۆمۈر كانلىكى ئاپەتتىن ساقلىنىش نەزىرىيىسى،كان بىخەتەرلىك قانونى، بىخەتەرلىك گىرافىكلىق كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى، بىخەتەرلىك سېستىمىسى قۇرۇلۇشى،كۆمۈر كان كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش،ھادىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىش قاتارلىقلار.
**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى:** ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەرخىل كان قېزىش كارخانىلىرى ، تەتقىقات ئورۇنلىرى،بىخەتەرلىك ۋاستىچى ئورگانلىرىدا ياكى بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش ئورۇنلىرىدا بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ،نازارەت قىلىش ۋە ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدا خىزمەت بىلەن شۇغۇللانسا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## سۇ تەمىنلەش- چىقىرىۋېتىش تېخنىكىسى (560603)

**تەربىيىلەش نىشانى:** بۇ كەسپ ئاساسى چىڭ،بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭرى،يۇقىرى ساپالىق يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى ئالى تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەيدۇ.بۇ كەسپتە ئوقۇغانلار ئاساسلىقى سۇ تەمىنلەش- چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى ئاساسى نەزىرىيىۋى بىلىملىرى ۋە تەھلىلگە پىششىق،شەھەر ۋە سانائەت،بىناكارلىق،ئوتتىن مۇداپىيەلىنىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەردە سۇ تەمىنلەش- چىقىرىۋېتىش لايىھەسى تۈزۈش،قوللىنىش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىنى قىلالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلايدۇ.
**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:**سۇ ئانالىز خىمىيىسى،سۇچىلىق،سۇ پومپىسى ۋە سۇ پومپىسى پونكىتى،سۇ بىرتەرەپ قىلىش ۋە مىكروپىسزلاندۇرۇش ئىلمى،قۇرۇلۇش ئىلمى،سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ۋە قوغداش،سۇ سۈپىتى قۇرۇلۇشى،سۇ تەمىنلەش- چىقىرىۋېتىش تۇرۇبا سېستىمىسى،بىناكارلىق سۇ تەمىنلەش- چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى ،مۇھىت قۇرۇلۇشى نەزىرىيىسى،قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش، ،مۇھىت ئۆلچەش ۋە باھالاش قاتارلىقلار.
**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى:** بۇ كەسپنى پۈتتۈرگەنلەرشەھەر ۋە سانائەت،بىناكارلىق، سۇ مەنبەسىنى قوغداش‌قاتارلىق ساھەلەردە لايىھە تۈزۈش،قوللىنىش باشقۇرۇش ۋەتەتقىقات‌ئىشلىرىنى بىلەن ياكى ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلاش،مۇھىت ئاسراش،سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى، ئۆي مۈلۈك،ساپ سۇ ئىشلەش ئورۇنلىرى ۋە ياكى زاۋۇت ،كان،كارخانا،پەن- تەتقىقات ئورۇنلىرى قاتارلىق جايلاردا ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## كان قۇدۇقىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك (540308)

**تەربىيىلەش نىشانى:**بۇ كەسپ ئەخلاقى، ئەقلى ،جسماني تەرەپلەردە تەڭ يېتىلگەن پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك فاڭجېن سىياسەتلىرىنى پىشىق ئىگەللىگەن ،كان قۇدۇقىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك بىلىملىرى ھەم بىخەتەرلىك مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان يۇقىرى ساپالىق ئەمەلىيەتچىل مەخسۇس خادىملارنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ .

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:**ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە ئاساسى ،كان بېسىمى ۋە كونتۇرۇل قىلىش ،كان يوللىرى قۇرۇلۇشى ،كان ئېچىش ئۇسۇلى،كان لاھىيەلەش،كان توكچىلىقى ،مۇھىت قۇرۇلۇش ئىلمى ،كان قۇدۇقىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە ھاۋا تەڭشەش،كان قۇدۇقىدا ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش،كۆمۈركان بىخەتەرلىك قانونى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ .

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى**ئاساسلىق كان ئېچىش كارخانىلىرىغا يۆلىنىپ ،كان قۇدۇقىدا ھاۋا

ئالماشتۇرۇش ،گاز ۋە كۆمۈر تۇزاندىلىرىنى ئۆلچەش ۋە نازارەت قىلىش ،ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بىرتەرەپ قىلىش خىزمىتى بىلەن ياكى مۇناسىۋەتلىك لاھىيلەش ئورۇنلىرى ۋە مۇلازىمەت ئورگانلىرىدا تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇنلانسا بولىدۇ .

**بىخەتەرلىك تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش (600303):**

**تەربىيلەش نىشانى** :بىخەتەرلىك قۇرلۇش ۋە باشقۇرۇشنىڭ كەسپىي بىلىملىرىنى ھەم ھازىرقى زامان بىخەتەرلىكنىڭ ئادەتتىكى پىرىنسىپىنى ئۆگىنىپ، كەسپىي بىخەتەرلىك ۋە ساغلام بولغان قۇرلۇش تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگەللىگەن قابىلىيەت ئىگىلىرىنى تەربىيلەيدۇ .

**ئاساسلىق ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر:** بىخەتەرلىك پىرىنسىپى ،بىخەتەرلىك باشقۇرۇش ،بىخەتەرلىك سىستېمىسى قۇرلۇشى، ئوتتىن مۇداپىيلىنىش ۋە پارتىلاشتىن مۇداپىيلىنىش تېخنىكىسى ،پارقازان بىخەتەرلىك قۇرلۇشى، ئېلېكترىك بىخەتەرلىك قۇرلۇشى ،ماشىناسازلىق ۋە يۈك توشۇش بىخەتەرلىك قۇرلۇشى، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ،سانائەتتە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە چاڭ تازىلاش تېخنىكىسى، بىخەتەرلىكنى باھالاش تېخنىكىسى قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆلىنىشى:** ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش ئورۇنلىرىغا بېرىپ خىزمەت قىلىسمۇ، بىخەتەرلىك ۋاستىچىسى ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىسمۇ ،بىخەتەرلىك باشقۇرۇش بۆلۈملىرىدە بىخەتەرلىككە مەسلىھەت بېرىش باھالاش خىزمىتىنى قىلىسمۇ بولىدۇ.

## ماشىناسازلىق قۇرۇلۇشى فاكولتېتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 0991 ـــ 7977193 7977198

**ئېنېرگىيە ۋە ھەركەتلەندۇرۇش قۇرۇلۇشى(080501)(تولۇق كورس)**

**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ كەسپ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى ،ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش ھەركەتلەندۈرۈش قۇرۇلۇشى تەرەپلەردىكى بىلىملەرگە پۇختا ،ئەقلى ،ئەخلاقى ،جىسمانى ،گۈزەللىك تەرەپلەردىن تەڭ يېتىلگەن ،ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ۋە ھەركەتلەندۈرۈش قۇرۇلۇشى لايىھەسىنى قىلالايدىغان ھەم مۇشۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك ياساش ،ئىشلىتىش ،باشقۇرۇش ،تەجرىبە تەتقىقاتى ،قۇراشتۇرۇش ،ئېچىش ۋە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان ئالى قۇرۇلۇش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەيدۇ.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** ئالى ماتىماتىكا ،فىزىكا ،كومپيۇتېر ئاساسى بىلىملىرى ،ئىنگلىز تىلى ، ماشىنا چىرتيوژى، كۈچ ئىلمى ،توكچىلىق ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسى ،ماشىنىسازلىق نەزىرىيىسى، ماشىنىسازلىق لايىھىسى، ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى ماتېرىيالى ،گىدرومېخانىكا ئىلمى ،سۇيۇقلۇق ۋە ھاۋا بېسىمىنى ئايلاندۇرۇش، ئاپتوماتىك كونترول تېخنىكىسى، سۇيۇقلۇق بېسىمى ھەركىتى ، پارقازان نەزىرىيىسى ،ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش ئىلمى ،ھاۋا تەڭشەش قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشى:** بۇ كەسىپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاقما جىسىم ماشىناسازلىق قۇرۇلۇش ساھەسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارا ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ،توك ۋە ئىسسىقلىق چىقىرىش ـ ئالماشتۇرۇش ،كۆيدۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش ،يېڭى مەھسۇلات ئېچىش ،قوللىنىش تەتقىقاتى ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ماس كېلىدۇ .

**ماشىنسازلىق لاھىيلەش ياساش ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇش (080202) (تولۇق كورس)**

**تەربىيلەش نىشانى:** شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى سانائەتلىشىش ئېھتىياجىغا ماسلاشقان ،زامانىۋىي ماشىنا لاھىيلەش ياساش ھەمدە ئاپتوماتىك باشقۇرۇش ئاساسىي نەزىرىيىۋى بىلىملىرى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ ،سانائەت ساھەسىدە مەھسۇلات لايىھلەش، ياساش،قوللىنىش تەتقىقاتى ،باشقۇرۇش ۋە تىجارەت تەرەپلەردىكى ئۇنىۋېرسال بىلىملىرى مول بولغان، ئەمەلىي ئىقتىدارى يۇقىرى ئىقتىساسلىق خادىملارنى تەربىيلەشتىن ئىبارەت.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** ئالىي ماتىماتىكا ،ماشىناسازلىق ئىلمى،ئېلېكتىر ئىلمى ، ماشىنا چىرتيوژى،ماتىرىيال ئىلمى،توكچىلىق ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسى،ماشىنىسازلىق نەزىرىيىسى، ماشىنىسازلىق لايىھسى، ماشىنىسازلىق تېخنىكىسى،گىدرومېخانىكا ئىلمى،سۇيۇقلۇق ۋە ھاۋا بېسىمىنى ئايلاندۇرۇش،رەقەملىك كونترول تېخنىكىسى،ئېلېكترىك كونتۇرول ۋە PLC ، كان توكچىلىقى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشى:** بۇ كەسپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ماشىناسازلىق قۇرۇلۇش ساھەسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ھەم كۆمۈر كەسپى قاتارلىق ئورۇنلاردا ماشىنا ياساش،يېڭى مەھسۇلات ئېچىش،قوللىنىش تەتقىقاتى ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ماس كېلىدۇ .

**كان ماشىنا-ئېلېكترى كەسپى (540307) :**

**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ كەسپ كان-ماشىنسازلىق نەزىريەسى ۋە كان ئېلېكتىر ئاساسى نەزىريەسى، كان-ئېلېكتىر ساھەسىدە زامانىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئائىت بىلىملەرنى مول، كان قۇدۇقى ترانسپورتى، كۆمۈر قېزىش ماشىنسازلىقى، كان تەكشۈرۈش ئەسۋابىنى ئورنىتىش، توك يەتكۈزۈش يولىنى قوغداش، تەكشۈرۈش، ئورنۇتۇش تېخنىكسىغا ئىگە،كوللىكتىپچانلىق روھىغا باي، ئىقتىساسلىق خادىملارنى تەربىيلەشنى نىشان قىلىدۇ.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** ماشىنسازلىق لايىھلەش ئاساسى، توك يولى نەزىريەسى، ئېلېكترون تېخنىكسى، گىدرومېخانىكا ئىلمى، گىدرومېخانىكسى، سۇيۇقلۇق بېسمىنى ئايلاندۇرۇش،كانغا توك يەتكۈزۈش، كان قۇدۇقى ترانسپورتى، ئاپتوماتىك كونترول قىلىش قانۇنىيىتى، قېزىش ماشىنلىرى، گېنراتور ۋە ئۇنى ھەركەتلەندۈرۈش، رەقەملىك كونترول تېخنىكسى، كارخانا باشقۇرۇش قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشى:** كان ۋە ئەمگەك بىخەتەرلىكنى باشقۇرغۇچى ئورۇنلاردا لايىھلەش، تېخنىكا ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكسىنى باشقۇرۇش، تىجارەت باشقۇرۇش ھەم پەن-تەتقىقات خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**كەپشەرلەش تېخنىكىسى ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇش (580108)**

**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ كەسپ كەپشەرلەش تېخنىكسى ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇش كەسپى نەزىرىيە ئاساسى پۇختا ،مېتال ۋە غەيرى مېتال ماتىرىياللىرىنى كەپشەرلەش تېخنىكسى ۋە ئۇسۇلىغا پىششىق،كەپشەرلەش سۈپىتىنى باھالىيالايدىغان،ھەر خىل كەپشەرلەش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىش ۋە

ئاسراش خىزمىتى قىلالايدىغان، قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرىنى تەربىيلەشنى نىشان قىلىدۇ.
**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** ماشىناسازلىق ئىلمى،ئېلېكتىر ئىلمى ، ماشىنا چىرتيوژى،ماتىريال ئىلمى،توكچىلىق ۋە ئېلېكترون تېخنىكسى،ماشىنسازلىق نەزىرييىسى، ماشىنسازلىق لايىھىسى،رەقەملىك كونترول تېخنىكسى،ئېلېكترىك كونتۇرول ۋەPLC ، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش پىرىنسىپى،مېتال كەپشەرلەش ئىلمى،بېسىم ئارقىلىق كەپشەرلەش،ئاپتوماتىك كەپشەرلەش،كەپشەرلەش قۇرۇلمىسى،كەپشەرلەش توكچىلىقى،مېتاللارنى ئېرىتىش پىرىنسىپى ۋە تېخنىلوگىيىسى،ياپسىمان كەپشەرلەش ۋە قالدۇق ئارقىلىق كەپشەرلەش تېخنىكسىقاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ.
**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشى:** بۇ كەسپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار نېفىت-خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى، ماشىناسازلىق قۇرۇلۇش ساھەسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا يېڭى تېخنىكا ئېچىش،لايىھەلەش،قوللۇنۇش ،سۈپەت تەكشۈرۈش ۋە تېخنىكىلىق باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ماس كېلىدۇ.

**ماشىنا-ئېلېكترنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تېخنىكسى (580201) :**
**تەربىيلەش نىشانى:** شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى سانائەتلىشىش ئېھتىياجىغا ماسلاشقان،زامانىۋي ماشىنا قۇرلۇش ھەم ئېلېكترىك ئاپتۇماتىك كونترول قىلىش ئاساسي نەزىرىيسگە ھەم قوللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ،نېفىت-خىمىيە،مېتاللورگىيە،كان ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا كومپيوتېردا قوشۇمچە لاھىيلەش،ياساش،مودېل ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش ئېگى ئۈستۈن قابىلىيەت ئىگىلىرىنى تەربىيلەپ چىقىدۇ.
**ئاساسلىق ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر:** ماشىنا لاھىيلەش، گىدرومېخانىكا ئىلمى ھەم ماشىناسازلىق، ماشىنا ۋە ئېلىكتىر ئۈسكىنلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سېستىمىس ى، رەقەملىك ستانوك، سۈيۇقلۇق بېسىمنى ئايلاندۇرۇش،توكچىلىق ۋە ئېلېكترون تېخنىكسى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ .

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆلىنىشى:** بۇ كەسپنى پۈتتۈرگەنلەر تەتقىقات ئورۇنلىرىدا،مېتاللورگىيە،نېفىت - خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ۋە پوچتا-تېلېگراف ساھەلىرىدە ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## باشقۇرۇش فاكولتېتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 0991 ــــ 7736294 7736197

**ئەشيا ئوبروتىنى باشقۇرۇش(120602)(تولۇق كورس)**
**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ كەسپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائى-ئىقتىسادى تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان،زامانىۋى ئەشيا ئوبروت قۇرۇلۇش تېخنىكسىنى ئېچىش ۋە سېستىمىلىق پىلانلاش ،لايىھەلەش ئىقتىدارانى ھازىرلىغان، زامانىۋى ئەشيا ئوبروت باشقۇرۇش ئاساسى نەزىرىيىسى ۋە ئىلمى تەھلىل ئۇسۇلىغا پىششىق،زامانىۋى ئەشيا ئوبروت كارخانىلىرى ۋە ئوبروت سېستىمىسىنى پىلانلاش،باشقۇرۇش،قۇرۇلۇش لايىھەسى تۈزەش، ئەشيا ئوبروت ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىش ۋە ئاسراش ئىشلىرىغا ماھىر ئالى قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيەلەيدۇ.
**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** ئالى ماتىماتىكا، قۇرۇلۇش چىرتيوژى ،سانلىق ئامبار نەزىرىيىسى ۋە قوللۇنۇش،ئېنگىلز تىلى،ستراتىگىيە ئىلمى،ئەشيا ئوبروت نەزىرىيىسى،ئەشيا ئوبروت

ماشىنىلىرىنى ياساش تېخنىكىسى،ئەشيا ئوبروت تەنەرخ تەھلىلى ۋە كونتۇرول قىلىش،ئەشيا ئوبروت قۇرۇلۇشى،ئەشيا ئوبروت ئۈچۈر سىستىمىسى تەقلىدى تېخنىكىسى،ئەشيا ئوبروت ئۈچۈر تېخنىكىسى، ئەشيا ئوبروت ئاپتوماتلاشتۇرۇش تېخنىكىسى،ئەشيا ئوبروت تىرانسپورتى ۋە مال يەتكۈزۈش،ھازىرقى زامان ئەشيا ئوبروت تېخنىكا ئەسلىھەلىرى،زاپاس ساقلاش پىلانى ۋە ئىسكىلات زاپىسىنى كونتۇرول قىلىش قاتارلىقلار .

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى:** بۇ كەسىپنى ئوقۇغانلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چوڭ ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرى،ئەشيا ئوبروت مەركىزى،ئەشيا ئوبروت ئورۇنلىرىنى ياساش كارخانىلىرى،قاتناش - تىرانسپورت،كۆمۈرچىلىك كارخانىلىرىدا خىزمەت قىلىشقا ياكى ئالىي مەكتەپ،پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**خەلقئارا سودا ئىشلىرى (620304)**

**تەربىيىلەش نىشانى:** مول بولغان ئىقتىساد ئىلمى نەزەرىيىۋى بىلىملىرى ۋە تاشقى ئىقتىسادىي سودا بىلىملىرىگە ئىگە بولغان كومپيۇتېر ۋە ئىشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى مەشغۇلاتى قىلالايدىغان ،ئۈچۈرلارنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە ئالاقە تېخنىكىسىغا ئىگە، مۇستەقىل ھالدا مۇناسىۋەتلىك كەسپلەرنى بېجىرەلەيدىغان ،بىرقەدەر يۇقىرى بولغان يېزىقچىلىق ،ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىغا ئىگە ھازىرقى زامان خەلقئارا ئىقتىسادىي ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان خادىملارنى تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** خەلقئارا سودا ئىشلىرى ،خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ،خەلقئارا سودا قانۇنى ،بازار تىجارەت ئىلمى ،جوڭگو تاشقى سودىسى ،خەلقئارا تېخنىكا سودىسى ،كارخانا ئىقتىسادى ستاتىستىكا ئىلمى ،بۇغالتىرلىق ،مالىيە باشقۇرۇش،تاشقى سودا ئىنگلىز تىلى ،يېزىقچىلىق ،چەتكە چېتىلىدىغان ئىقتىسادى قانۇن ،خەلقئارا تىجارەت ئىلمى ،خەلقئارا تىرانسپورت ۋە سۇغۇرتا ئىلمى قاتارلىقلار .

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى:** بۇ كەسىپنى ئوقۇغانلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تاشقى سودا شىركەتلىرى ،كارخانىلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت بۆلۈملىرى ،چەتكە چېتىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت بۆلۈملىرى ۋە چەتكە چېتىلىدىغان كارخانىلار ،تاموژنىغا ئەنگە ئالدۇرغان كارخانىلاردا، ئىقتىسادىي سىياسەت تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلىسە بولىدۇ.

**سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش(620501)**

**تەربىيىلەش نىشانى:** بۇ كەسىپ ھازىرقى زامان سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى كەسپى بىلىملىرىنى ئىگەللەپ ،باشقۇرۇش - تىجارەتكە ماھىر ،ئۇنىۋېرسال ساپاسى يۇقۇرى،ئىشلەپچىقىرىش،قۇرۇلۇش مۇلازىمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىگە ماسلىشالايدىغان،تېخنىك خادىملىرىنى تەربىيىلەيدۇ.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** ئىقتىسادى ماتېماتىكا،غەرب ئىقتىساد ئىلمى،كومپيۇتېر ئاساسى بىلىملىرى،باشقۇرۇش ئىلمى،بازار تىجارىتى ۋە بازار تەكشۈرۈش، سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش،ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش،ئىقتىسادى قانۇن ،مالىيە باشقۇرۇش،مالىيە بوغالتىرلىقى،تەنەرق بوغالتىرلىقى قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى:** بۇ كەسىپنى پۈتتۈرگەنلەر مالىيە باشقۇرۇش،ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش، بازارتىجارىتى،ئۈچۈرباشقۇرۇش،ئىسكىلات باشقۇرۇش،بوغالتىرلىق،كاسسىرلىق

خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## چەتئەل تىلى فاكولتېتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 0991 ــ 7977206  7977203

### قوللىنىشچان ئىنگلىز تىلى (660102)

**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ كەسىپ ، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە ،مۇستەھكەم بولغان ئىنگلىز تىلىنى ئاڭلاش ،سۆزلەش ۋە چۈشىنىشكە ماھىر بولغان، ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، تاشقى سودا خەت ـ چەكلىرى، ساياھەت ئىنگلىز تىلى قاتارلىق كەسپى ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيلەش.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** ئونىۋېرسال ئىنگلىز تىلى ،ئوقۇش ،ئاڭلاش ،ئېغىز تىلى ،گىراماتىكا ،كۆرۈپ ئاڭلاپ سۆزلەش ،قوللىنىشچان ماقالىلەرنى يېزىش ،ساياھەت ئىنگلىز تىلى ،مېھمانسارايى يېمەك ـ ئىچمەك ئىنگلىز تىلى ،سودا ئىنگلىز تىلى ،ئىنگلىز تىلى تەربىيلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى:** بۇ كەسىپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ،ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر،باللار باغچىلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىنگلىز تىلى تەربىيلەش خىزمىتى بىلەن ياكى تاشقى سودا ، خەلقئارا يۈك ـ تىرانسپورت ۋاكالەتچىلىك شىركەتلىرىدە ۋە ياكى مېھمانسارايى ،ئىنگلىزچە ساياھەت يېتەكچىلىكى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ .

## تىل ئوقۇتۇش فاكولتېتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 0991 ــ 7977209  7977211

### خەنزۇتىلى كەسپى (660101) :

**تەربىيلەش نىشانى:** بۇ مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىتىدىغان كەسىپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا خەنزۇ تىلى فونېتىكىسى، گىراماتىكىسى، ئەدەبىياتى، فىلولوگىيە قاتارلىق دەرسلەرنى سىستېمىلىق ئىگەللەپ. خەنزۇ تىلىنى ئاڭلاش، ئوقۇش، يېزىش، تەرجىمە قىلىش ۋە يېزىقچىلىق قاتارلىق ئەمىلى قوللىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. ★ بۇ كەسىپنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل بولۇپ، ئىجتىمائى يەن ۋە تەبئى يەن ئوقۇغۇچىلىرى ئارىلاش قوبۇل قىلىنىدۇ.

**ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلىكلەر:** خەنزۇ تىلى ئوقۇشلۇقى، خەنزۇ تىلى ئاڭلاش، خەنزۇچە ئېغىز تىلى، خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئۆز ـ ئارا تەرجىمە قوللانمىسى، مائارىپشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە، خەنزۇ تىلى ئوقۇش ئۇسۇلى، قانۇن ئاساسلىرى، مىللەتلەر نەزرىيەسى، ئىنگلىز تىلى قاتارلىقلار.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى:** ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى،مائارىپ ،ئىقتىساد ـ سودا قاتارلىق مەمۇرى ـ كەسپى ئورۇنلار ياكى ساياھەتچىلىك،يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق كارخانا تىجارەت ئورۇنلىرىدا ئوقۇتۇش، تەرجىمانلىق، كاتىپلىق ،ساياھەت يېتەكچىسى ،باشقۇرغۇچى ۋە مۇلازىمەت خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.